# ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى

## ١

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى

# 1

سۆزىنى رەتلىگۈچى:
**مۇھەممەت زۇنۇن**
مۇزىكىسىنى نوتىغا ئالغۇچى:
**ئەمەتجان ئەخمىدى**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

AltunOq

مەسئۇل مۇھەررىرى:    ماخمۇتجان ئىسلام

# ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى تارىختىن بۇيان "ناخشا-ئۇسۇل ماكانى" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان توھپىسىنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ خەلق قوشاقلىرىدىن پەرقى شۇكى، ئۇ بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ، ئۇزىگە خاس مۇكەممەل ئاھاڭغا ئىگە، شەكلى جانلىق ۋە خىلمۇ-خىل، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك. ئۇ خەلق تۇرمۇشى ۋە يۈرەك ساداسىنىڭ شېئىر ۋە مۇزىكىدىكى ئىنكاسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، تۇرمۇش ئادىتى، مىجەز-خاراكتېرىنىڭ روشەن ئەينىكى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوشاق-ناخشىلىرىدا ئادەمنىڭ تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ، تا ئۆلگىچە بولغان پۈتۈن ئۆمۈر جەريانى دىگۈدەك ئۇزىنىڭ شېئىرىي ئىپادىسىنى تاپقان. تۇرمۇشتىكى ھەر بىر شارائىت، ھەر بىر پەيتنىڭ ئۇزىگە خاس ناخشىلىرى بار، جۇملىدىن، ھەر خىل ئېتنوگرافىك سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئايلانغان. ناخشىلار ئۇزىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش دەۋرىدىن تارتىپ كىشىلىك ھاياتىغا بارغان-

سىرى چوڭقۇر سىڭىپ، نەسىلدىن - نەسىلگە مىراس بولۇپ داۋام قىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ھەم ئەدەبىيات، ھەم مۇزىكا سەنئىتى. ناخشىلار لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ مۇزىكا سەنئىتى بىلەن خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. سۆز سەنئىتى بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ جىپسىلىشىشىدىن تۇغۇلغان سەنئەت، ناخشا ئەنە شۇ ئورتاقلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇشۇ جەھەتتىن ناخشىلارنى مۇزىكا سەنئىتى بىلەن قوشكېزەك سەنئەت دەپ ئاتاش مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ مىراسى، كۇپلېت، رىتىم شەكىللىرى ئۇيغۇر مىللى مۇزىكىسىنىڭ مىراسى، كۇپلېت، رىتىم شەكىللىرىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىسى سۆز تېكىستىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەللىققا ئىگە. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلق ناخشا بايلىقىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خەلقچىلىق، دېموكراتىك مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللى ئۇسلۇبقا ئىگە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلق مۇزىكا بايلىقىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، شۇ ئاساستا سوتسىيالىستىك خەلق مۇزىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ناخشىلار-

نىڭ كۆپى كېيىنكى ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان دەستۇر-
لاردىن ئىبارەت. دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسەن،
ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى ئەمگەك
ناخشىلىرى، سىياسى ناخشىلار، تۇرمۇش ناخشىلىرى،
مۇھەببەت ناخشىلىرى، ئۆرپ-ئادەت ناخشىلىرى دەپ
بىر قانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

ئەمگەك ناخشىلىرى ئەمگەك سەھنىسىدە، ئەمگەكتىن
بىۋاستە ئىلھاملىنىش بىلەن مەيدانغا چىققان. ئەمگەك
ناخشىلىرى خىلمۇ-خىل بەدىي شەكىللەر بىلەن ھەر بىر
ئەمگەك شارائىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەزمۇنىنى،
ئەمگەك رىتىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمگەك ناخشىلىرى
(تېكىستى) ئەمگەك شارائىتىنىڭ مەزمۇنىنى، كىشىلەرنىڭ
ئەمگەككە بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئەمگەكنىڭ سىنىپىي
ئېكسپلاتاتسىيە خاراكتېرىنى، ئەمگەك جەريانىدىكى چىن
مۇھەببەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمگەك
ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىسى بولسا، لېرىك تۇيغۇنى جانلان-
دۇرىدۇ. ئەمگەك ناخشىلىرى ئەمگەك رىتىمىنى ئالماش-
تۇرۇش، كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش، ئەمگەك جەريانىدىكى
قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش
قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، «ئوما ناخشىسى»
نى ئالايلى، بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان ھامان بىزنىڭ كۆز
ئالدىمىزدا ئوما ئورۇۋاتقان ئېتىز گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ
قوشاقلىرى ئوما مەزمۇنىنى، ئومىغا بولغان ئەمگەكچى
خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئوچۇقراق ئېيتقاندا، سىنىپىي
مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن-

لاشقان مۇزىكا رىتىمى ئۇما ئۇرۇش ھەركىتىنىڭ رىتىمىغا ئويغۇن، ئۇغاقنىڭ ھەر بىر شارتىلدىشى رىتىم بولغۇچ بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى نەغمىلەردە ناخشىغا تەڭكەش قىلىنغان داپنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، بۇ ھال ئەمگەكنىڭ مۇشەققەتلىك جەريانىغا بايرام تۈسى بېرىدۇ. ئىچ پۇشىغىنى، كۆڭۈلسىزلىكىنى يېڭىشكە روھ، مەدەت بېغىشلايدۇ.

سىياسى ناخشىلار خەلق ئاممىسىنىڭ كونا جەمىيەتكە، ئېكىسپىلاتاتور سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى، ئازاتلىق، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى، بەلگىلىك ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە بولغان كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ناخشىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، دەۋر روھى كۈچلۈك، ئۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپىي كۈرەشتىكى ئۇتكۇر قۇرالى ۋە روھى ئوزۇغى. مەسىلەن:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سىنى.

"ئاھ ئۇرارمەن" ناملىق بۇ ناخشا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ دەرت-ئەلەم بىلەن تولغان پاجەلىك ئوتمۇشىنىڭ ئومۇملاشقان كارتىنىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلار ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىسيانكارلىق روھىنىڭ سەنئەتتىكى نامايەندىسى.

سىياسى ناخشىلار ئىچىدىكى تارىخىي ناخشىلار

Altun Oq

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى ئەسىرلەرگە ئائىت تارىخىنىڭ ئوبرازلىق دەستۇرىدۇر.

تۇرمۇش ناخشىلىرى، ئومۇمەن تۇۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى، تۇرمۇشىنى ئىنكاس قىلىدىغان ناخشىلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل ناخشىلار چوڭقۇر ئىجتىمائى مەزمۇنغا ئىگە. بىز «غېرىپ» ناخشىسى-نىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ كورەيلى:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىپ يولىنى باغلار.
غېرىپ ئولسە كىم يىغلار،
غېرىپقا غېرىپ يىغلار.

يا ئاتام يوقتۇر مېنىڭ،
يا ئانام يوقتۇر مېنىڭ.
ئايىغى چىققان بۇلاقتەك،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

مۇھەببەت ناخشىلىرى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى ۋە مۇھەببەتكە بولغان كوز قارىشىنىڭ ھەققى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشى-لىرى ئىچىدە كوپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭدا ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئوز ئارا مۇھەببىتى، فېئوداللىق نىكا تۈزۈمىگە بولغان قارشىلىق، چىن مۇھەببەتكە بولغان مەدھىيە، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ كوپ بولۇشى خەلق تۇرمۇشى ۋە ناخشىلىرىنىڭ ئىجتىمائى رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. فېوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا، ئەمگەكچى خەلق ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تەلىۋىنى مۇھەببەت ناخشىلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان، مۇھەببەتتىكى ئەركىنلىك ۋەدېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈشنى فېودالىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسى مەزمۇنى قىلغان، مۇھەببەت ناخشىلىرى ئارقىلىق تۇرمۇش كۈلپەتلىرىنىڭ ئازاۋىنى روھى جەھەتتىن يېڭىشكە ئۇمتۇلگەن.

مۇھەببەت ناخشىلىرى ئىچىدە ئاياللار توغرىسىدىكى ناخشىلار ئىنتايىن كوپ. چۈنكى، ئاياللار فېوداللىق جەمىيەتتە قاتمۇ-قات زۇلۇم ئىچىدە، ئىقتىسادىي، سىياسى زۇلۇمدىن باشقا يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەتسىز فېوداللىق نىكا تۈزۈمىنىڭ خىلمۇ-خىل كىشەنلىرى ئىچىدە ياشىدى. "غەزەپتىن ناخشا چىقىدۇ" دېگەندەك خەلق ئۆزىنىڭ فېودالىزمغا بولغان قارشىلىقىنى ئاياللارنىڭ مۇھەببەتتىكى ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش تەلىۋىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىدى. بۇ ھال مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ ئىجتىمائى رولىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئۆرپ-ئادەت ناخشىلىرى توي-توكۈن، ئۆلۈم-ماتەم ۋە ئۆرپ-ئادەت تۈسىنى ئالغان سەنئەت بەزمىلىرىدە ئوقۇلىدىغان ناخشىلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا سەنئەت ۋە ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشى، دىنى ئېتىقات، سەنئەتكە بولغان ئىشقى-ھەۋەس قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن

هەر خىل مىللى ئورپ ـ ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئورپ ـ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىگە سەنئەت پائالىيەتلىرى سىڭدۈرۈلگەن. بۇ سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىغى ناخ ـ شىلاردىن ئىبارەت. بۇ ناخشىلار ھەر خىل مەرىكىلەر ۋە بەزمىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە قائىدىلىرىگە ماسلاشقان بولۇپ، چوڭقۇر ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۆزىگە خاس بەدىئى ئا ـ لاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا سىمۋول، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، تەقلىت ـ تەمسىل قاتارلىق بەدىئى ۋاستىلەر قوللىنىلىپ، كونكرېت ھىس قىلغىلى بولىدىغان جانلىق ئوبراز يارىتىلغان.

مەسىلەن، «خوش دەردىڭ يامان» ناخشىسىدىكى:

قارا كېچە قارىياغاچ مېنىڭ يولدىشىم،
يوپۇرمىغى شىلدىرلىسا قويۇلار يېشىم،
ئاقتى يېشىم، ياغدى يېشىم، تىتىلار بېشىم.
مەن ئولگەندە ياخشى يىغلاڭ جان قېرىنداشىم.

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، زۇلمەت ئىچىدە ئازاپ چەككەن ئەمگەكچىنىڭ مۇڭلۇق قىياپىتىنى، دەرت ـ ھەسرىتىنى ئەسلىگەندە (قارىياغاچ يوپۇرمىغى شىلدىرلى ـ غاندا) ئۇنىڭ قەلبى ئەلەملىك ياش بىلەن تولغانلىغىنى كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ سەنئەتتىكى ئومۇملاش ـ تۇرۇش كۆچى ئۈستۈن. تارىخى، ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ھەم ئۇلارنىڭ ما ـ

ھېيىتى. بىر - ئىككى كۇبلېت ناخشا بىلەنلا ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئولەرمەن، مەن ئولەرمەن،
يولدا قويماڭلار مېنى،
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چولدە قويماڭلار مېنى.

مەن ئولۇپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى يات ئەيلىسۇن.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۇشمەنلىرىم شات ئەيلىسۇن...

دىگەن «مەن ئولەرمەن» ناخشىدا ئەمگەكچى خەلقىنىڭ كونا جەمىيەتتىكى پاجىئەلىك تەقدىرى چوڭقۇر ھىسسىيات ئىچىدە ئاجايىپ ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تىلىدىكى ئاددىلىق، چوڭقۇرلۇق، ئېنىقلىق، ئوبرازچانلىق ناخشىلارنىڭ بەدىي تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللى ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەتنى تولۇق گەۋدىلەندۇرگەن.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ شەكلىمۇ خىلمۇ-خىل. ناخشىلاردا قوشاق (تۆت مىسرالىق)، بېيىت (ئىككى مىسرالىق) شەكلى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ، جۈملىدىن، تاقماق (چاشما) شەكىللەرمۇ خېلى ئومۇملاشقان. بۇ خىل شەكىل ئېيتىشلاردا (لەپەردە) كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«ئالمىخان»، «چىمەنگۈل» قاتارلىق ناخشىلار ئەنە شۇنداق شەكىللەردىكى ناخشىلاردۇر.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ كوپچىلىگىنىڭ نەقراتى بار. بۇ نەقراتلار ئەمگەك رىتىمى، ئىدىيىۋى ھىسسىيات ۋە مۇزىكا تەلىۋىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ناخشىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئاچىدۇ، مۇزىكىچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ، ئەستە ساقلاشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ.

شۇنى كورسۇتۇپ ئوتۇش كېرەككى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا ئاھاڭ سوز تېكىستلىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر مۇقىم. ناخشا تېكىستلىرى ئوخشىمىغان ھىسسىياتتا، ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۇپ ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن سوز تېكىستلىرىدە ئالمىشىش، تەكرارلىنىش كوپ، ۋارىيانتلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك.

ماركس، ئېنگېلس خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىجتىمائى رولى ۋە ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە يۇقۇرى باھا بەرگەن ئىدى. يولداش ماۋزېدۇڭمۇ خەلق ناخشا - قوشاقلىرىغا ئېتىۋار بېرەن، قاراپ، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاشنى قايتا - قايتا تەشەببۇس قىلدى. ماۋجۇشى يولداش چېنيىغا يازغان شېئرىيەت توغرىسىدىكى خېتىدە "كەلگۈسىدە خەلق قوشاقلىرىدىن ئوزۇق ۋە ئۈلگە ئېلىپ كەڭ كىتابخانلارنى جەلپ قىلىدىغان بىر يۇرۇش يېڭىچە شېئرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ھازىرقى شېئرىي ئىجادىيەتتىكى ئامماۋىلاشتۇرۇش ۋە مىللىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشنىڭ يولىنى كورسىتىپلا قالماي، ئېلىمىزنىڭ شېئرىيە

يەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىنى يەكۈنلىدى.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن يىللىق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر خەلق مۇزىكا سەنئىتىگە، ئۇسۇل سەنئىتىگە ماسلاشقان ناخشا ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ياراتتى، بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىباھا گوھەر.

"4 كىشىلىك گورۇھ" خەلقنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى، ئۇلار خەلق ناخشىلىرىغا ئۇچمەنلىك قىلىپ، خەلق ناخشىلىرىنى قارا-قويۇقلا "سېرىق ناخشا" دەپ چەتكە قاقتى، ۋەيران قىلدى، بۇ شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىدا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بىز خەلق ناخشىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خەلق ناخشىلىرىنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پىرىنسىپى بويىچە ئۇنىڭغا تەنقىدى ۋارىسلىق قىلىپ، دېموكراتىك ۋە خەلقچىلىق روھقا ئىگە خەلق ناخشىلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ مەدىنى تۇرمۇشىنى بېيىتىشىمىز، خەلق ناخشىلىرىدىن ئۇزۇق ۋە ئۈلگە ئېلىپ سوتسىيالىستىك دەۋرنىڭ يېڭى، مىللى ناخشىلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

## مۇندەرىجە


مىزانگۇل ........................................ 1
لەيلىگۇل (1) ........................................ 4
لەيلىگۇل (2) ........................................ 6
يارو (1) ........................................ 9
يارو (2) ........................................ 13
گۇل ئايشەم ........................................ 16
قەمبەرخان خېنىم ئاتلىق ........................................ 17
شەنبە كەل ........................................ 19
خۇشتارمەن (1) ........................................ 21
خۇشتارمەن (2) ........................................ 24
قادىر مەۋلان (1) ........................................ 28
قادىر مەۋلان (2) ........................................ 30
غېرىپ ناخشىسى ........................................ 32
ئامانەي ........................................ 34
قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى ........................................ 36
مۇساپىر ناخشىسى ........................................ 38
ئادارگۇل ........................................ 41
زاراگزا ........................................ 44
يارىم قويىنۇمدا ........................................ 46
ھەشقىپىچەك ........................................ 49

باغدا ئالما يەپمەدۇق ........ 52

قىزىل گۈل غۇنچىسى يارىم ........ 55

ئاسماندىكى ئاي ........ 57

توم يۇمۇلاق ........ 59

سېنى دىدىم ........ 62

جۇسەيلىك ........ 64

جىنىم ئاچا ........ 66

ئاق بىلىگىم ........ 68

چىمەننە گۈل ........ 70

ئاھ، سەيدەم ........ 73

بوستان چاچ بالا ........ 76

هوي بالا ........ 78

ئاسگۈل ........ 80

يىگىرمە بەش سەر داچەن ........ 82

ئانارگۈل بالا ........ 85

ساڭا خۇشتار ........ 87

مەيە ناخشىسى ........ 92

كوك قومۇش ........ 94

جورام ئازادە ........ 97

ھالىمنى سوردىساڭچۇ ........ 99

دوستۇم ئازادە ........ 101

ئاللا بالىخان ........ 103


تار كوچاڭدىن ئوتەيمەن ........ 105


يارىيار ........ 107

ئويناڭ دەردى بار بالىلا ........ 109

ئۇزەمنىڭ سۆيگىنى قەندەك .......... 111
ئالتۇنجان .......... 113
ئايىمسەن .......... 115
لەۋلىرىجان .......... 118
بالىخان يارەي (1) .......... 121
بالىخان يارەي (2) .......... 123
ئورگىلىمەن لىيلاسى .......... 125
سەيلە ناخشىسى (1) .......... 127
سەيلە ناخشىسى (2) .......... 129
سەيلە ناخشىسى (3) .......... 131
قەشقەر سەنمى (1) .......... 133
قەشقەر سەنمى (2) .......... 135
قەشقەر سەنمى (3) .......... 137
قەشقەر سەنمى (4) .......... 138
قەشقەر سەنمى (5) .......... 140

# مەزانگۈل


F=1 2/4
ئۇچۇپ كەتـ
قۇرغۇ يۇم
قەشقەر يو لدـ
تى
يادوس
راپ قا غا
ئاھ
يارەي
رى ئاقـ
كوزۇمنىڭ گوھـ


تى يارنىڭ يو لە-
غا قا راپ مە-زان گۇ لۇم
مە زان گۇل يارنىڭ گۇ لى
ئال تۇن گۇل
قىسقان گۇللە رى جوڭخوا گۇل
ئازا دە خان ئاھ
يا يارەي
قىسقان يارەي

## تولۇق تېكىستى

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
قەشقەر يولىغا قاراپ.
كوزۇمنىڭ گوھىرى ئاقتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

نەقرات:

مىزانگۇلۇم - مىزانگۇل،
يارنىڭ گۇلى ئالتۇنگۇل.
قىسقان گۇللىرى جۇگخۇا گۇل،
ئازادىخان ئاھ، يارەي.

كۇندە كورمىدىم يارنى،
كۇندە كورەمەن دەپ.
ئۇمىت ئۇزمىدىم ياردىن،
ئولمىسەم سۇيەرمەن دەپ.


نەقرات:


مىزانگۇلۇم - مىزانگۇل،
يارنىڭ گۇلى ئالتۇن گۇل،
قىسقان گۇللىرى جۇگخۇا گۇل،
ئازادىخان ئاھ، يارەي.

# لەيلىگۇل

(1)

C=1 $\frac{2}{4}$







## تولۇق تېكىستى

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزلىنى تاللايدۇ.
ئالەمدە كىشى يوقتەك،
كوڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

ئوگزەڭگە چىقىۋاپسەن،
يەر توۋىنىگە قاراپ.
ئىشىگىڭدىن تولا ئوتتۇم،
بۇلبۇلۇك بولۇپ سايراپ.

# لەيلىگۇل

(2)



C=1 2/4
تارىم دەريا
ئېچىـ
بويىـدا
لىپتۇ لەيـلىـگۇل ئېچىـلىپـتۇ لەيلىـ
كۆڭلۈم
گۇل
يارىمـغا
دىكى
تۇتاي دەستە قىزىل گۇل


تۇتاي دەستە قىزىل گۈل
ئەجەپ ئوخشاپتۇ بۇتو غاچ ئۇستەك بويىـ ـ دا بولـغاچ
ئۇستەك بويىـ دابولـغاچ
ئارزۇـمىزغا قاندۇق بىز تامخوشنايىـ قىن بولـغاچ
Ⅲ.Ⅱ.Ⅰ
تامخوشـنا يىـ ـ قىن بولـغاچ
rita
Ⅳ
قىن بولـغاچۋاي تامخوشنا يىـ قىن بولـغاچ

## تولۇق تېكىستى


تارىم دەريا بويىدا،
ئېچىلىپتۇ لەيلىگۈل.
كوڭلۇمدىكى يارىمغا،
تۇتاي دەستە قىزىل گۈل.


ئەجەپ ئوخشاپتۇ بۇ توغاچ،
ئۇستەڭ بويىدا بولغاچ.
ئارزۇمىزغا قاندۇق بىز،
تام خوشنا يېقىن بولغاچ.


ئاسماندىكى ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كورسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كويدۇرسەم.

# يارو

(1)


1=C 2/4
كۈن كەيـ
ئاي ئالـدىمدا
ھەسـ رەت ئـچىم
نىمدە
يا
دە
رو
ھەسـ رەت ئـچىم
دە
رو
يا


ۋاي
ماڭا بەرگەن
ئاما نەتنى
ۋاي
ئال دەپ يىغلايـ ـمەن
ئىگىز ئىگىز
ۋاي
تاغ بېشىدا


چىـ راق كو يه دۇ
يا رو
ئۇكويـ گەنلەر
ۋاي
چىراق ئەمەس
ئاللا يۇ رەك كو يه
دۇ

## تولۇق تېكىستى


ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە يارو.
ماڭا بەرگەن ئامانەتنى،
ئال دەپ يىغلايمەن، يارو.


ئىگىز ـ ئىگىز تاغ بېشىدا،
چىراق كويىدۇ.
ئۇ كويگەنلەر چىراق ئەمەس،
يۈرەك كويىدۇ.

ئىگىز ـ ئىگىز تاغ بېشىدا
قۇرغۇي ئەگىيدۇ!
ئۇ ئەگىيگەن قۇرغۇي ئەمەس،
يارلار ئەگىيدۇ.

# يارو

(2)


C=1 5/8
بىردانەئەدىم يارەي مىڭدانەبولـدۇم
ئەقلى هۇشۇمـدىن يارەي بىگانەبولـدۇم يارەي
بىگانەبولـدۇم يارەي خۇشتارمەن ساـڭا ئادرىغىم
يارىم دىگەيـسەن
سەندەك قىزىل گۇل يارەي
هەرجايدابولـماس هەرجايـدابولـسا يارەـي




## تولۇق تېكىستى


بىر دانە ئىدىم، مىڭ دانە بولدۇم،
ئەقلى ھوشۇمدىن بىگانە بولدۇم.

خۇشتارمەن ساڭا ئامرىغىم يارىم دىگەيسەن.

سەندەك قىزىل گۈل ھەر جايدا بولماس،
ھەر جايدا بولسا سىڭگچە بولماس.


خوشتارمەن ساڭا ئامرىغىم يارىم دىگەيسەن.

# گۈل ئايشەم






AltunOq




## تولۇق تېكىستى


ئۇستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپاي دىسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دىسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

نەقرات:
گۈل ئايشەم بويۇڭدىن ئورگىلەي يارىم.

چىلگە ساغرىپ قاپتۇ،
كېۋەزلىكتە — پىلەكتە.
سەن سورىما، مەن ئېيتماي،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

نەقرات:
گۈل ئايشەم بويۇڭدىن ئورگىلەي يارىم.

# قەمبەرخان خېنىم ئاتلىق



# تولۇق تېكىستى

ئاتايمۇ شۇبۇ تاشنى،
ئاتمايمۇ شۇبۇ تاشنى.
قاچانغىچە كورمەيمەن،
مېھرىۋان قەلەمقاشنى.

نەقرات: قەمبەرخان خېنىم ئاتلىق،
كەلمەملا جېنىم تاتلىق.


باراي دېسەم يول يىراق،
ۋاقتىدا بارالمايمەن.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
يارسىز يۈرەلمەيمەن.

نەقرات: قەمبەرخان خېنىم ئاتلىق،
كەلمەملا جېنىم تاتلىق.

يارىم كەلدى قول سېلىپ.
توغرى - توغرى يول ئېلىپ.
قاياندىن چىقىپ كەللە،
يۈرۈگۈمگە ئوت سېلىپ.

نەقرات: قەمبەرخان خېنىم ئاتلىق،
كەلمەملا جېنىم تاتلىق.

# شەنبە كەل


C=1 2/4
شەنبە كەل يەكشەنبە كەل دۇشەنبە كەل سەيشەنبە كەل
مەرت يىگىت بولساڭ ئەگەر سەن
ئىش بىلەن يې - نىمغا كەل ئىش بىلەن يې - نىمغا
كەل يارنى تاپ
سام تۇگەرئار ماز لەردم

# تولۇق تېكىستى

شەنبەكەل، يەكشەنبە كەل،
دۈشەنبە كەل، سەيشەنبە كەل.
مەرت يىگىت بولساڭ ئەگەر سەن،
ئىش بىلەن يېنىمغا كەل.
نەقىرات: يارنى تاپسام تۇگەر ئارمانلىرىم،

دۇتارىم جىڭ-جىڭ قىلادۇر،
ئىچىدە ماش بارمىكىن.
ئىزدە-ئىزدە مەن كېلەرمەن،
شۇل نىگارىم بارمىكىن.
نەقىرات: يارنى تاپسام تۇگەر ئارمانلىرىم.

ئېتىزىڭدىن ماشنى تەردىم،
تاڭ سەھەردىن كەچكىچە.
يار بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ،
خوشلىغى بار ئۆلگىچە.
نەقىرات: يارنى تاپسام تۇگەر ئارمانلىرىم.




Altun Oq

# خۇشتارمەن

(1)

F=1 2/4






## تولۇق تېكستى

ھاۋادا بۇلۇت كوڭلۇم،
دەريادا بېلىق كوڭلۇم.
ياخشى يارنى تاپقاندا،
يامانى ئۇنۇت كوڭلۇم.
نەقرات: دەردىڭدە تولا يىغلاپ،
كويۇپ كۆل بولمىغان كوڭلۇم.


قىپ ـ قىزىل تونىنى كىيىپ،
ھاۋادا ئوينىغان كوڭلۈم.
ياخشى يار ياندا تۇرۇپ،
يامانىنى خالىغان كوڭلۈم.

نەقىرات: دەردىڭدە تۇلا يىغلاپ،
كويۇپ كۇل بولمىغان كوڭلۈم.



# خوشتارمەن

(2)



F=1 5/8
بىردا نەئىـ
دىم يارەي ملڭدانەبول ـ دۇم
ئايدەك يۈزۈگ ـ گە يارەي خوشتارە بول ـ
دۇم يارەي خوشتا رەبولـدۇم يارەي
خوشتار مەنسا گا يارىم يارىم دىگەي ـ
سەن خوشتار مەنسا گا يارىم



يارىم دىگەي ـ سەن
خۇشتا رەقىل ـ غان يارەي
شىرىن سوزۇڭ ـ دۇر ھەيرا نەقىل ـ
غان يارەي قارا كوزۇڭ ـ دۇر
خۇشتار مەنسا ئا يارىم يارىم دىگەي ـ
سەن ئېچىـ لىدۇ گۈل
چىچىـ لىدۇ گۈل چىچىـ لىدۇ




AltunOq




## تولۇق تىكىستى

بىردانە ئىدىم، مىڭ دانە بولدۇم،
ئايدەك يۈزۈڭگە خۇشتارە بولدۇم.

نەقرات: خۇشتارمەن ساڭا يارىم دىگەيسەن.

خۇشارە قىلغان شىرىن سوزۈڭدۇر،
ھەيرانە قىلغان قارا كوزۈڭدۇر.

نەقرات: خۇشتارمەن ساڭا يارىم دىگەيسەن.


ئېچىلدۇ گۈل،
چېچىلىدۇ گۈل.
يارنىڭ بېغىدا،
خۇش پۇرايدۇ گۈل.

نەقىرات: خۇشتارمەن ساڭا يارىم دېگەيسەن.



# قادىر مەۋلان

(1)



# تواۇق تېكىستى

چىمەنلىك قاپلىغان باغدا،
غۇنچىسەن گۇلى رەنا.
گۇلى رەنانى يادلاشقا،
مېنىڭدەك بۇلبۇلۇك بولسۇن.


بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن،
يانارغا ھەمرىيىڭ بولسۇن.
سىنىڭدەك نازىنىن يارغا
مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولسۇن.




# قادىر مەۋلان

(2)

F=1 $\frac{2}{4}$







## تولۇق تېكىستى

سېنى دەيمۇ، سېنى دەيمۇ يارەي، قادىرمەۋلان
سېخى ئىلاھىمەي،
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ.
سېنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم،
بېھىش يۈزى كۆرەرمەنمۇ.

مەن بېغىڭغا كىرمەيمەن يارەي، قادىرمەۋلان
سېخى ئىلا ھىمەي،
ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن.
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە
نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

# غېرىپ ناخشىسى




## تولۇق تېكىستى

بۇ تاغلار ئىگىز تاغلار،
غېرىپ يولىنى باغلار.
غېرىپ ئۆلسەكىم يىغلار،
غېرىپقا غېرىپ يىغلار.

يا ئانام يوقتۇر مېنىڭ،
يا ئاتام يوقتۇر مېنىڭ.
ئايىغى چىققان بۇلاقتەك
ئاقدۇ يېشىم مېنىڭ.

قىچقىرىپ كەلگەن كاككۇكنىڭ
ئۈنى ھەر جايدا غېرىپ.
كەل كاككۇك ئاشنا بولايلى،
سەن مۇساپىر بىز غېرىپ.

# ئامانەي


D=2 2/4
گۈلباقـقا مۇ نار مۇ نار سالـ
دىم كورمەمـسەن مۇ
نار مۇ نارىمـنى
ئىزلەپ ھىچتا پالمـ دىم سەندەك بىر
سەندەك بىرمۇ لا مۇلاھىمـ نى
دوستلىرىم دوستلىرىم

| - 2 | - 2 | 2 3243 | 4 5 6 | 3 ·4 5 6

𝄋 ئا مانەي ئا مان


## تولۇق تېكىستى

گۈلباغقا مۇنار سالدىم،
كورمەسەن مۇنارىمنى.
ئىزلەپ ھېچ تاپالمىدىم
سەندەك بىر مۇلاھىمنى.
نەقرات: دوستلىرىم ئامانەي.

ئات مىندىم كورەك قاشقا،
چاپتۇردۇم شىغىل تاشقا.
ھەر كىمنىڭ يارى باشقا،
ئوخشامدۇ قەلەم قاشقا.
نەقرات: دوستلىرىم ئامانەي.

قوغۇن تېرىدىم خەندەك،
ئەللەر تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزە مىنىڭ سۆيگىنى قەندەك.
نەقرات: دوستلىرىم ئامانەي.

# قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى




## تولۇق تېكىستى

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سايدىكى تېرەكلەرگە.


يارىمنى خىيال قىلسام،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.
نەقرات: ئوينايمەن سىنىڭ بىلەن،
قەن بەرگىن تىلىڭ بىلەن.

ئۇستەڭ بويىدا تۇرغان،
قىزىل يۈزلىگىم يارىم.
يۈرىگىمنى كويدۈرگەن،
شىرىن سوزلىگىم يارىم.
نەقرات: ئوينايمەن سىنىڭ بىلەن،
قەن بەرگىن تىلىڭ بىلەن.

ئۇستەڭ بويى تال - تاللا،
ياپرىغىدا مارجانلار.
يارىم بىلەن كورۈشتۇق،
ئەمدى يوقتۇر ئارمانلار.
نەقرات: ئوينايمەن سىنىڭ بىلەن،
قەن بەرگىن تىلىڭ بىلەن

# مۇساپىر ناخشىسى






## تولۇق تېكستى

ئەجەپ بولدۇم، ئەجەپ بولدۇم،
ئەجەپ بولغانغا يىغلايمەن.
مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
غېرىپ بولغانغا يىغلايمەن.


ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىپ بولۇرمىدى بېشىم.


مېنى باققان ئانام بولسا،
توكۇلەرمىدى يېشىم.

ئېشىك ئالدى ئالما ياغاچ،
كېسىۋەتتىم بولمىغاچ.
كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن،
سەن ئانامنى سېغىنغاچ.



# ئادار گۈل


F=1 4/4
توشقاننىڭ
لاچىن سوقان
ئادار
دا دەي
گۈل
ئۈگىسى بار
جاڭگالدا


ۋاي ئا دار
مەن غېـ
گۈل
مۇساپىر نىڭ
رىپ
ۋاي ئا دار
دا دەي
گۈل
بۇ
يۇرت ـ تا
ۋاي نەمە سى بار

## تولۇق تېكىستى

لاچىن سوققان توشقانىنىڭ، ئادارگۇل،
جاڭگالدا ئۇگىسى بار.
مەنغىرىپ مۇساپىرنىڭ، ئادار گۇل،
بۇيۇرتتا نىمىسى بار.

ئاتامغا نىمە دەپ يىغلاي، ئادارگۇل،
ئانامغا نىمە دەپ يىغلاي.
ئېتىمنىڭ ئالدىدىن ئاشقان، ئادارگۇل،
ساماندەك ساغىرىپ يىغلاي.



# زاراڭزا





## تولۇق تېكىستى


ئۇزۇن چاپىنىم تونچى،
قىسقا چاپىنىم نوچى.
بىزنىڭ يارلا ئوقۇچى،

ئويناپ چىقىدۇ چوڭ يولچى.
نەقرات: بىزنىڭ يارلار ئوقۇچى،
ئويناپ كېلىدۇ چوڭ يولچى.

زاراڭزايۇ - زاراڭزا،
ئېچىلىپتۇ ھەر ياڭزا.
ھىچ كىشىگە كويمەپتىم،
ساڭا كويدۇم بالاڭزا.
نەقرات: بىزنىڭ يارلارئوقۇچى
ئويناپ كېلىدۇ چوڭ يولچى.



## يارىم قوينۇمدا




## تولۇق تېكىستى

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،
نىمىنى ئويلايسەن.

كېتىپ بارغان ياش باللىنىڭ،
ئېزىنى مارايىسەن.

نەقرات: ئاق بىلىگىم بويلارىڭدا
قولۇڭ بويىنۇمدا.
كېچە يېتىپ سەھەر قوپسام،
يارىم قويىنۇمدا.

ئىگىز-ئىگىز تاغ بېشىدىن،
سېرىلدىم تۈزگە.
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئىگىلدىم سىزگە.

نەقرات: ئاق بىلىگىم بويلارىڭدا،
قولۇڭ بويىنۇمدا.
كېچە يېتىپ سەھەر قوپسام،
يارىم قويىنومدا،

بىلەمسىز كىن، بىلمەمسىز كىن،
كويدۇم مەن سىزگە.
دەردىڭىزدە ئۇلۇپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

نەقرات: ئاق بىلىگىم بويلارىڭدا،
يارىم قويىنۇمدا.


كېچە يېتىپ سەھەر قوپسام،
قولۇڭ بويىنۇمدا.


ئىگىز، ئىگىز تاغ بېشىدا،
ئاي كورۇلدىمۇ؟
مەھەللىڭىزگە تولا كەلسەم،
خار كورۇندۇمۇ؟

نەقرات: ئاق بىلىگىم بويلارىڭدا،
يارىم قويىنۇمدا.
كېچە يېتىپ سەھەر قوپسام،
قولۇڭ بويىنۇمدا.



# ھەشقىپىچەك


F=1 4/4
ئەتد ـ ياز شا مال
كەل ـ دى
بۇ بىز نىڭ هوي ـ لا
بە ـ لەن دوست ـ لە رىم
يا دوس




## تولۇق تېكىستى

ئەتىياز شامال كەلدى،
بۇ بىزنىڭ ھويلا بىلەن.
مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
بىر تۇتام غۇنچە بىلەن.
نەقرات: ھەشقىپىچەك باغدارەيھان،
دوستلار، شاخىدىن ئايرىلمىدى.

مەيلى بولسا گۈلنى ئالسۇن،
ئەقلى بولسا غۇنچىنى.



Altunoq


ساق سالامەت جېنى بولسا،
كورۇشەرمىز بىر كۈنى.
نەقرات: ھەشقىپىچەك باغدا رەيھان،
دوستلار، شاخىدىن ئايرىلمىدى

يارىم چىقتى ئىشىكتىن،
بىر گىنە غۇنچە تۇتۇپ.
مەنمۇ چىقتىم ئارقىسىدىن،
بىرلىمچە گۈلنى تۇتۇپ.
نەقرات: ھەشقىپىچەك باغدا رەيھان،
دوستلار، شاخىدىن ئايرىلمىدى.



# باغدا ئالما يەپمدۇق






## تولۇق تېكستى

ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ؟
قولۇڭدىكى كەتمەنمۇ؟
ئىشقا ماڭسام قارايسەن،
سەنمۇ مەندەك دەرتمەنمۇ؟
نەقرات: باغدا ئالما يەپمىدۇق،
ئايرىلارمىز دەپمىدۇق.

ئەجەپمۇ باراقسانلىق،
سەمەن يولىدا تېرەك.

ئانچە ـ مۇنچە كەپ تۇرسىلا،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.
نەقرات: باغدا ئالما يەپمىدۇق،
ئايرىلارمىز دەپمىدۇق.

بۇلبۇل ئەگىپ كەتمەيدۇ،
يارىم ياسىغان باغدىن.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
كوڭلۇم خۇش مىنىڭ ياردىن.
نەقرات: باغدا ئالما يەپمىدۇق،
ئايرىلارمىز دەپمىدۇق.



# قىزىل گۈل غۇنچىسى يارىم



## تولۇق تېكىستى


ياردىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بەلگىسى كۆلرەڭ تاشتا.
مۇنچە مەيلىڭ بولمىسا،
نېمىشقا ئوينىغان باشتا.


قىزىل گۈل غۇنچىسى ياردىم،
سېرىق سەبدە، تولۇن ئايىم.
ھەرجايدا ئامان بولغىن،
سەن مېنىڭ خېرىدارىم.

ھاۋادىكى لاچىنىنى،
مەن قەپەزگە ئۆگەتتىم.
ئېچىمدىكى دەردىمنى،
غەزەل بىلەن تۆگەتتىم.



# ئاسماندىكى ئاي







## تولۇق تېكىستى


ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچمەي قويىمەن چاينى.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
چىللاپ كەلتۈرەي يارنى.
يارىمنىڭ ئىپتى ئايسى،
ئىچىلسۇن ئىچى قارنى.

# توم يۇمۇلاق

F=1 $\frac{4}{4}$






## تولۇق تېكىستى

سەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك،
مەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك.
يۈرىگىمگە ئوت تۇتاشتى،
چاغاندا ياققان پانۇستەك.

نەقرات: يۇمۇلاققا - يۇمۇلاق توم يۇمۇلاق،
توم يۇمۇلاققا مەن ئامراق.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭ ئاغرىسىدىمىكىن يارىمە
ئۆتۈڭدا ئولۇپ كەتسەم،

AltunOq

ئىچىڭ ئاغرىمىدىمىكىن يارىم.

نەقرات: يۇمۇلاققا ـ يۇمۇلاق، توم يۇمۇلاق
تۈرۈم يۇمۇلاققا مەن ئامراق.


بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۆگەپ كەتتى يىمەستە.
يارىڭىزدە مەن پەستە،
كۆرۈشەرمىز ئەلۋەتتە.

نەقرات: يۇمۇلاققا يۇمۇلاق، توم يۇمۇلاق،
جىنىم يۇمۇلاققا مەن ئامراق.



# سېنى دىدىم

F=1 2/4



## تولۇق تېكىستى.


بارغىنىمدا ياز بولۇپتۇ،
يانسام زىمىستان.
كەچكەن كوڭۇل كەچمەمدىكەن،
ياردىن ئايرىلسام.

نەقىرات: سېنى دىدىم ئاھ، سېنى دىدىم ئاھ.
سېنى ئىزلەپ تاپالمىدىم، ئەمدى تاپتىم ئاھ.

ئۈيان ئوتۇپ، بۇيان ئوتۇپ،
نەگە بارالا.
ئوسما قويۇپ، گۇلنى قىسىپ،
جاننى ئالالا.

نەقىرات: سېنى دىدىم ئاھ، سېنى دىدىم ئاھ.
سېنى ئىزلەپ تاپالمىدىم، ئەمدى تاپتىم ئاھ.

# جۇسەيلىك


F=1 4/4
بىزنىڭ باغ ـ لار جۇ سەي ـ لىك
سەيلىمىسە كمۇ سەي ـ لەگ ـ لىك
سەن قا ردىمد ـ ساڭ ياردم
ماڭا بىر سى پەي ـ لەگ ـ لىك

## تواۇق تېپكەستى

بىزنىڭ باغلار جۇسەيلىك،
سەيلىمىسەكمۇ سەيلەگلىك.
سەن قارىمىساڭ يارىم،
ماڭا بىرسى پەيلەگلىك.

بىزنىڭ مەلە شاڭ مەلە،
تېلېفۇندا گەپ كەلدى.
سەن ئۇيەردە ئوينساڭ،
سېنى كورگەنلەر دەپ كەلدى.

ئوستەڭ بېشىدا قۇدۇق،
قۇدۇق بېشىدا تۇردۇق.
سەن ئۇيەردە ئوينساڭ،
بىزمۇ ئوينىغاچ تۇردۇق.


AltunOq

# جېنىم ئاچا




## تولۇق تېكىستى

ئوگزەمگە قوناق يايدىم،
ئويناپ ـ كۆلۈپ چاچمىسىلا.


بىز ئىككىمىز دوست بولىلى،
مەندىن ئۆنچە قاچمىسىلا.

نەقىرات: ئاچا ـ ئاچا جېنىم ئاچا،
مېنى بېقىۋالساڭچۇ ئاچا.
هويلاڭدىكى تال تېرەككە،
جور قىلىۋالساڭچۇ ئاچا.

ئىشىك ئالدى گۈلدۈرمە،
يارىم مېنى كۈلدۈرمە.
هەر قانچە سېغىنساڭمۇ،
دوست ـ دۈشمەنگە بىلدۈرمە.

نەقىرات: ئاچا ـ ئاچا جېنىم ئاچا،
مېنى بېقىۋالساڭچۇ ئاچا،
هويلاڭدىكى تال تېرەككە،
جور قىلىۋالساڭچۇ ئاچا.

# ئاق بىلىگىم





## تولۇق تېكىستى

جەننەتە نەمكىن، مەننەتە نەمكىن يارىم كەتكەندەك،
شۇنچە ئايلاپ يۈرگىنىمىز زايا كەتكەندەك،
نەقرات: ئاق بىلىگىم بويلارىڭدا
دوپپاك باشىمدا.

كېچە يېتىپ سەھەر قوپسام.
يوقسەن قاشىمدا.

ماڭسام ـ ماڭسام كورۇنمەيدۇ سەمەندىن قورغان،
نىمە ئانچە كويدۇرىسەن يارىم ھەمراخان.
نەقرات: ئاق بىلىگىم بويلارىڭدا،
دوپپاڭ باشىمدا.
كېچە يېتىپ سەھەر قوپسام،
يوقسەن قاشىمدا.



# چىمەننەگۈل


D = 1 4/4
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچە سى
ئېچىلدى چىمەنلىكتە
چىمەننە گۈل
ۋاي دا دەي
قاراپ كۆزۈم تويمايدۇ
خۇشبۇيلۇق بويلارىڭغا
دوست دەككۈدەك

| 0 5 4 6 5 5 | 0 5 4 6 5

شۇنداق بول ـ ماي    مۇ    داق    ـ    شۇ

‖ - 2 2 3 4 | 3 4 5 6 5 4 3


ئىدۇق    ئامراق    ھەممىمىز    دوستلار بىلەن


## تولۇق تېكىستى

قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسى، چىمەننە گۈل،
ئېچىلدى چىمەنلىكتە، ۋاي دادەي.
قاراپ كوزۇم تويمايدۇ، چىمەننە گۈل،
خۇش بويلۇق بويلىرىڭغا ۋاي دادەي.
نەقىرات: دوست دەككۇدەك،
نىمە دىدۇق؟
ئاچىلدى دىدۇق.
شۇنداقمۇ؟
شۇنداق بولماي،
دوستلار بىلەن ھەممىمىز،
ئامراق ئىدۇق.
ئىشىك ئالدى گۈل خەندەك، چىمەننە گۈل،
ئېچىلدى غۇنچە پورەك، ۋاي دادەي.
تاڭ سەھەردە سايرايمەن چىمەننە گۈل،
گۈل ئاشىغى بولبولدەك، ۋاي دادەي.

نەقرات: دوست دەككۇدەك،
نىمە دىدۇق؟
ئاچىلدى دىدۇق،
شۇنداقمۇ؟
شۇنداق بولماي،
دوستلار بىلەن ھەممىمىز.
ئامراق ئىدۇق.

# ئاھ، سەيدەم




ئەجەپ ئـ ـ چىم ئاغـ
رىيـ دۇ ئاغـ ـ رىيـ ـ دۇ
ئۇ تۇپ كەت ـ كەن ئۇمـ
رۇمگە
ئاهـ ـ سەيدەم جىنىم ۋاي
سەيدەم ئاه سەيـ ـ دەم
ئاغرىيـ ـ دۇ مىـ ـ نىڭ
مەيـدەم

## تولۇق تېكىستى

مەن ئېتىمنى سالمايتتىم،
دەريا بويى لوم ـ لومگە.
ئەجەپ ئىچىم ئاغرىيدۇ،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.
نەقرات: ئاھ سەيدەم، جېنىم سەيدەم.
ئاغرىيدۇ مېنىڭ مەيدەم.

ئىچىم قاينايدۇ ـ قاينايدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
سېنىڭ ئالدىڭدا خار بولدۇم،
ئېچىلماي تۈزۈغان گۈلدەك.
نەقرات: ئاھ سەيدەم، جېنىم سەيدەم،
ئاغرىيدۇ مېنىڭ مەيدەم.

دوستلىرىممۇ زېرىكتى،
دۈشمىنىم سەنمۇ زېرىك.
ئىشەنگەن بۇ تاغلاردا،
ئەجەپ ياتمايدىكەن كىيىك.
نەقرات: ئاھ سەيدەم، جېنىم سەيدەم
ئاغرىيدۇ مېنىڭ مەيدەم


AltunOq

# بوستان چاچ بالا



## تولۇق تېكىستى


ئېشىك ئالدىدا سىدە،
ئاتقا سەپ بىرەي بىدە.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
بولدى يۈرىگىم زىدە.
نەقىرات: بوستان چاچ بالا، قويىنۇڭدا ئانار.

يارىم بولسا قۇرغۇيدەك،
لەۋلىرى قىزىل گۈلدەك.
قاچانغىچە يۈرەرمىز،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.
نەقىرات: خۇما كوز بالا، كەلسەڭ نىم بولا.

يارىم كەلدى يىراقتىن،
ئارقىدىكى يول بىلەن.
كوڭلىنى ئالاي يارنىڭ
قولۇمدىكى گۈل بىلەن.
نەقىرات: قارا كوز بالا، كەلسەڭ نىم بولا.

يارىم مەن سىنى باشتا،
گۈللۈك باغچىدا كورگەن.
سەندىن ئايرىلالمايمەن،
ئوزەم ئازىلاپ سۆيگەن.
نەقىرات: بوستان چاچ بالا، كەلسەڭ نىم بولا.

# هوي بالا




## تولۇق تېكىستى

بادام دوپپام بار ئىدى،
كەيسەم يارىشار ئىدى.
قارا كوز، لىۋەن يارغا، هوي بالا
بەكمۇ مەيلىم بار ئىدى.

پالتا چاپتىم تېرەككە،
جىرىم سالدىم چۆنەككە.
ئەقىللىق قارا كوزنىڭ، هوي بالا،
ئۆتى چۈشتى يۈرەككە.

ئاسماندىكى كەپتەرنى،
مەن قەپەزگە ئۇگەتتىم.
تاللاپ سۆيگەن يار بىلەن، هوي بالا،
مۇرادىمغا مەن يەتتىم.

# ئاسىگۇل




## تولۇق تېكىستى


يارىمنىڭ مېڭىشلىرى، جېنىم،
ماڭسا قول سېلىشلىرى.


هيچ كىشىگە ئوخشىماس، ئاسىگۇل،
بىر قاراپ قويۇشلىرى.

يار ئىشلەيدۇ گۇللۇكتە، جېنىم،
بۇلبۇلى بولاي يارنىڭ.
ئويناپ كۇلۇپ خوشلۇقتا، ئاسىگۇل،
قولىغا قوناي يارنىڭ.



# يىگىرمە بەشسەر داچەن





يار بە ـ لەن ئوي ـ زي
سۆنـدى ـ تۇ رۇپ
نا زۇكقو لۇم
يارـەـنىڭ ياغـلىغـ ـ دا
تاڭـسامسا قاي ـ ماي ـ دۇ قو لۇم
قەد رىگە ئىگـلەرسـۇنـماس
يەت ـ مەس يىگىرمە بەش سەردا چەن خەجىگە يەتـ
ئىگىلەرسۇن ماس مەس

## تولۇق تېكىستى

يارىمنىڭ لىۋەن سوزى،
ئويناپ تۇرىدۇ كوزى.
ئالمىسىمكىن، قۇياشىمكىن،
يارىمنىڭ گۈزەل يۈزى.
نەقىرات: ئىگىلەر سۇنماس، قەدرىگە يەتمەس،
يىگىرمە بەش سەرداچەن خەجگە يەتمەس.

يار بىلەن ئويناپ تۇرۇپ،
سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم.
يارىمنىڭ ياغلىقىدا،
تاڭسام ساقايمايدۇ قولۇم.
نەقىرات: ئىگىلەر سۇنماس، قەدرىگە يەتمەس،
يىگىرمە بەش سەرداچەن خەجگە يەتمەس.

ئاخشام ئوينىغان يەردە،
ئالتۇن ئۈزۈگۈم قاپتۇ.
ئىزدىمەڭلا، سورىماڭلا،
كوڭلۇمدىكى يار ئاپتۇ.
نەقىرات: ئىگىلەر سۇنماس، قەدرىگە يەتمەس،
يىگىرمە بەش سەرداچەن خەجگە يەتمەس.

# ئانارگۇل بالا

F=1 2/4





# تواۇق تېكىستى


يارىم بارمىغان تويغا،
مەن سورىماي بارالمايمەن.
يارنىڭ كوڭلى بەك نازۇك، ئانارگۈل بالا،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.


ئۆيلىرى قەيەردىرەك.
بەلگىسى قاپاق تېرەك.
چىدىمايدىكەن يۈرەك، ئانارگۈل بالا.
مەن باراي شۇ يەرگىرەك.

# ساڭا خۇشتار




ئوت-
تى
بەي
يوق گىپىگمۇ
سوزۇگ-
مۇ
يوق
ئا
يا
رەي
سىڭدىرەقكىنىس
ماگا
ئوت-
تى


قىزارىپ چىقـ ـتىم هويـ ـلاڭـ
نەي دىن
ئا كالڭئا يلانسۇن
بو يۇڭـ دىن
جەمى ئا لەم سا
ڭا ۋاي خۇشتار
سىنىڭ خۇلـ ـقى
جاما لىڭـ دىن



## قولۇق تېكستى

تېرەكسز ھويلىغا كرسەم،
بېشمدن ئاپتاپ ئۆتتى.


AltunOq

گېپىڭمۇ يوق، سوزۇڭمۇ يوق،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى.

قىزارىپ چىققىنىم ھويلاڭدىن،
ئاكاڭ ئايلانسۇن بويۇڭدىن،
جىمى ئالەم ساڭا خۇشتار،
سېنىڭ خۇلقى جامالىڭدىن.

ساناقتا سەككىز ئاي بولدى،
جۇدا بولدۇم ۋىسالىڭدىن.
يۈرەككە خۇن تولۇپ كەتتى.
سېنىڭ دەردى پىراقىڭدىن.

# مەپە ناخشىسى




## تولۇق تېكستى

بىر پۇتۇمنى شوتىغا ئالدىم، توۋا،
بىر پۇتۇمنى مەپىگە، كورسىلە.

ئەمدى كەتسەم قارىمايمەن، ۋايجېنىۋايجان ۋاي توۋا،
يۈزى قېلىن شەرمەندىگە، كورسىلە.


بۇ يىل شاپتۇل بەك بولدى، توۋا، .
شاپتۇل تۈۋىدە كىم بار، كورسىلە.
يۈرىگىم جىغىلدايدۇ، ۋايجېنىۋاي-جان، ۋاي توۋا،
يارنىڭ كوڭلىدە كىم بار، كورسىلە.

مەن سېرىق، جېنىم سېرىق، توۋا،
سارغايغىنىمنى كىم بىلور، كۈرسىلە.
سارغىيىپ ئىشىگىدە تۇرسام، ۋايجېنىۋايجان، ۋاي توۋا،
مېھرىۋان يارىم كىلۇر، كورسىلە.


چىن تەخسە سۇنۇپ كەتسە، توۋا،
قاداتماي تولەپ بېرىمەن، كورسىلە،
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ، ۋايجېنىۋايجان ۋاي توۋا،
سۇگەتكە ئۇسۇپ ئولۇپ بېرىمەن، كورسىلە.

ئىشىك ئالدى ئەزىم دەريا، توۋا،
ئېقىپ بارسام كورەرسەنمۇ، كورسىلە.
دەردىڭدە ئولۇپ كەتسەم، ۋايجېنىۋايجان، ۋاي توۋا،
نامازىمغا كېلەرسەنمۇ، كورسىلە.

# كوك قومۇش


G=1 4/4
كوك قومۇش ـ قا ئوتنى ياق ـ سام
سارغىيىپ كوي ـ مەسمەدى ۋا
يەي
يۈزى ئاق كوڭ ـ لى قا را يەي
گۈل يا رەي يار بيا رەي
مېنىڭدىن ئاي ـ ردل ـ ماس ئەدى


يا رەي
لەيلى مەج ـ نۇن
شاخ ئى ـ گىل ـ دى
رەي
گۈل يا
رەي
يارىيا
رەي





## تولۇق تېكىستى


كوك قومۇشقا ئوتنى ياقسام،
سارغىيىپ كويمەسمىدى.
يۈزى ئاق، كوڭلى قارا،
مېنىڭدىن ئايرىلماس ئىدى.

لەيلى مەجنۇن شاخ ئىگىلدى،
يار ئىگىلمەيدۇ ماڭا.
يا كېلىپ جېنىمنى ئالغىن،
يا كوڭۇل بەرگىن ماڭا.

كەت دىسەڭ سەھراغا كېتەي،
قالدى قەشقەرلىك ساڭا،
ئەلىمىڭنى تولا تارتتىم،
روخسىتىڭ بارمۇ ماڭا.

# جورام ئازادە







## تواۇق تېكىستى

يارنىڭ يولىگى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن.
غۇنچە بويلىرى زىبا،
شىرىن سوزلىرى ئاندىن.

قۇرغۇيۇك بولاي يارىم،
مەيدەڭگە قوناي يارىم.
ئۆزگە يارىڭ بولمىسا،
چىن يارىڭ بولاي يارىم.

# ھالىمنى سوراساڭچۇ




## تولۇق تېكىستى

ئېتىم ئېغىناپ سۇندۇرىدۇ ئىگەرىمنى،
ئاتام ماڭا ئەپ بەرمەيدۇ سۆيگىنىمنى.
نەقرات: قېشىڭىز قارا، چېچىڭىز ئۇزۇن،
ھالىمنى سوراساڭچۇ.


ئۇ قاتتاسەن، بۇ قاتتامەن، قاچان كورەرمەن،
خۇدا بەرسە سىنى ياردم بىركۆن سۆيەرمەن.

نەقىرات: قىشىڭىز قارا، چىچىڭىز ئۇزۇن،
ھالىمنى سورساڭچۇ.



# دوستۇم ئازادە







## تولۇق تېكىستى

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
كوڭۇلنىڭ زېھنىنى ئاچتى.
ئېچىلغان قىزىل گۇلنى،
يار قۇلاقىغا قىستى.

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
گۇلزاردا مېنىڭ جايىم.
ئاڭلاڭلا خالايىقلار،
گۇل قىسقان مېنىڭ ياردىم.

# ئاللا بالىخان




## تولۇق تېكىستى

قاتار ـ قاتار سۆگەتنىڭ،
سايىسى بولامدىكىن.
يارغا كويگەن يۈرەكنىڭ،
تازىسى بولامدىكىن.
نەقرات: ئاللا ـ ئاللا ۋاي باللا،
دوستلارغا سالام دەڭلا.

دولاڭدىكى كەتمەنمۇ،
ئۇستۇڭدىكى چەكمەنمۇ.
ئەجەپ سايرىدىڭ كاككۇك،
سەنمۇ مەندەك دەرتمەنمۇ.
نەقرات: ئاللا ـ ئاللا ۋاي باللا،
دوستلارغا سالام دەڭلا.

# تار كوچاڭدىن ئوتمەيمەن






Altunoq

## تولۇق تېكىستى

تار كوچاڭدىن ئۇتمەيمەن،
ئىشىكىنى مارىلاپ كەتمەيمەن.
يارىنىڭ كوڭلى بەك نازۇك،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.

يارىم كوينەك كىيىپتۇ،
كىيگەن كوينىكى ماقۇل.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

# ياري يار




## تولۇق تېكىستى

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
بېغىمدا قىزىل گۇلدە.


ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
سېنى كورمىگەن كۇندە.

بېغىمدا قىزىل ئالما،
سۇكىرمەي پىشىپ قاپتۇ.
جېنىم ئاق بېلىق دوستۇم،
چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ.

بېغىمدا ئەجەب بوپتۇ،
شاپتۇلا بىلەن ئالما.
سەن ئوزەڭنى چوڭ تۇتۇپ،
مېنىڭدىن ئايرىلىپ قالما.

# ئوينىڭ دەردى بار باللا







## تولۇق تېكىستى

سېرىق سەبدە، تولۇن ئايدەك،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئىشقى - پىراقىڭدا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

ئەجەپمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغىدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغىدەك بولدۇم.

AltunOq

# ئۆزەمنىڭ سۆيگىنى قەندەك




## تولۇق تېكىستى

قوغۇن تېرىدىم خەندەك،
ئەللەر تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزەمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.


نەقرات: باشلىۋالغىن مەلەڭگە،
تېگىۋالغىن مەيدەڭگە.

قۇرغۇي قونىدىغان دەرەخ،
خەمەك سالىدىغان پىلەك.
ئونبەش ياشتا يارتۇتۇپ،
يارغا قانىدىغان يۈرەك.

نەقرات:
باشلىۋالغىن مەلەڭگە،
تېڭىۋالغىن مەيدەڭگە.



## ئالتۇنجان





## تولۇق تېكىستى


دۇتار چېلىپ ئولتۇر سام،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ.

دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
چىرايلىقتىن چىرايلىقسەن.
مەن كويگەن بۇ ئوتلاردا،
سەن كويۈپ چىدالامسەن؟

# ئايمەسەن


F=1 2/4
گۈلبىغىمنىڭ ئە- چە- دە
ھەريان قاراپ ساي - راي- دىمەن
مەن يارىمنى سې- غىن- سام
ئاي چولپانغا قا رايمەن
ئاسماندىكى ئا يمە-سەن




## تولۇق تېكستى

گۈلبېغىمنىڭ ئىچىدە،
ھەريان قاراپ سايرايمەن.
مەن يارىمنى سېغىنسام،
ئاي ـ چولپانغا قارايمەن.


ئاسماندىكى ئايىمسەن،
كوڭلۈمدىكى يارىمسەن.
مېنى ئۇتتا كويدۇرگەن،
خۇشخۇيلۇق خۇمارىمسەن.


كېچە يېتىپ چۈش كوردۇم
تولۇن ئاي قوينۇمدا دەپ.

ئاھ دەب ئويغىنىپ كەتتىم.
پاھ يۈرۈگۈم كويدى دەپ.

ئاينى ـ ئايغا قاتايمۇ؟
كۈننى كۈنگە قاتايمۇ؟
يارىم دەردىڭدە سېنىڭ،
پەنجىرەڭدە ياتايمۇ؟

# لەۋلەرىجان


G=1 4/4
گۈل زارلار گۈ لى بە ـ لەن
گۈل ئو سەر غو لى بە ـ لەن
ئويىنە ـ ساڭ تۇ زۇك ئوينا
ھەر ئىشنىڭ يو لى بە ـ لەن
لەۋلە ـ رد ـ جانىم لەۋلە ـ رىڭىز
ئادا قىلە ـ سىز ئادا بول ـ ماس




## تولۇق تېكىستى

گۈلزالار گۈلى بىلەن،
گۈل ئۈسەر غولى بىلەن.
ئوينىساڭ تۈزۈك ئوينا،
ھەرئىشنىڭ يولى بىلەن.


نەقىرات:
لەۋلىرىڭجانىم لەۋلىرىڭىز،
ئادا قىلمىسىز.
ئادا بولماس دەرتلىرىڭىز،
دەردىمگە داۋا بولمىسىز.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتسەم،

قىلىۋالسەن گەپنى.
كويگەن چاغداتەڭ كويگەن،
بىللە تارتىلى دەرتنى.

نەقىرات:


لەۋلىرىجانىم لەۋلىرىڭىز،
ئادا قىلىسىز.
ئادا بولماس دەرتلىرىڭىز،
دەردىمگە داۋا بولسىز.



Altun Oq

# بالىخان يارەي

(1)



## تولۇق تېكىستى


ئايىمدۇ مېنىڭ يارىم،
كۈنىمدۇ مېنىڭ يارىم.
سەھەردە چىققان چولپاندەك،
گۈلىمدۇ مېنىڭ يارىم، بالىخان يارىم.

ئايغا ئوخشاتتىم سېنى،
كۈنگە ئوخشاتتىم سېنى.
سەھەردە چىققان چولپاندەك
گۈلگە ئوخشاتتىم سېنى، بالىخان يارىم.



# بالىخان يارەي

(2)




## تولۇق تېكستى

قاتار ـ قاتار كورۇنگەنلەر،
ساينىڭ دەرىخى.
مەن يارىمنى كورەي دىسەم،
يولىنىڭ يىراغى، بالىخان يارەي.

يىراق بولۇپ، يېقىن بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
مەن يارىمنى ئىزلەپ تاپتىم،
ئارمانىم يوقتۇر، بالىخان يارەي.

# ئورگىلىمەن لىللاسى




## تولۇق تېكىستى

گۈللەر ئېچىلۇر باغدا، ئورگىلىمەن لىللاسى،
مۇرادىغا يەتكەندە، چورگىلىمەن لىللاسى.



AltunOq

قەدرىم ئۇتۇلۇر يارغا، ئۆرگىلىمەن لىللاسى،
مەن بۇ يەردىن كەتكەندە، چۆرگىلىمەن لىللاسى

قاتار ـ قاتار تۇرنىلار، ئۆرگىلىمەن لىللاسى،
يارىمغا سالام دەڭلا، چۆرگىلىمەن لىللاسى.
كوزۇم تويسا تويغاندۇ، ئۆرگىلىمەن لىللاسى،
كوڭلۇم تويمىدى يارغا، چۆرگىلىمەن لىللاسى.

# سەيلە ناخشى

(1)



‖: - 6 | 6 ♭7 1 #1 2 | 2342 431 | 1 3 460

𝄋 يارنىڭ بېغىـ - دا سايرايـلى دوستـلار 𝄋

## تولۇق تېكىستى

قىزارىپ تەنگە سىغماسمەن،
نىگار كورسەم جامالىڭنى.
جاھان ئەھلىگە بەرمەسمەن،
سېنىڭدەك جورە خانىمنى.

نەقرات: ئوينايلى دوستلار، كۈلەيلى دوستلار،
يارنىڭ بېغىدا سايرايلى دوستلار.

يېشىل مەخمەلدۇر جادىرىڭىز،
ئېسمىدىن كەتمەس خاتىرىڭىز.
ئالدىڭىزدا بولسام چاكىرىڭىز،
قامچام تەگسۇن چاچ باغرىمگە.

نەقرات: ئوينايلى دوستلار، كۈلەيلى دوستلار،
يارنىڭ بېغىدا سايرايلى دوستلار.

# سەيلە ناخشىسى

(2)



# تولۇق تېكىستى

پويىزىمنىڭ پەرۋازى،
ئامان دوستلار، ئامان يار.
گۈلدۈرلەيدۇ ئاۋازى،
ئامان يار.


ئات توپىسىدە ئوينايدۇ،
ئامان دوستلار، ئامان يار.
باتۇرلارنىڭ سەرۋازى،
ئامان يار.



AltunOq

## سەيلە ناخشىسى

(3)





## تولۇق تېكىستى

كوردۇڭلارمۇ شۇ يارنى،
ئۇينايلى دوستلار،
باشتىن ئايىغى گۇلدۇر،
كۇلەيلى دوستلار.

جەننەت بېغىدا ئۆسكەن،
ئوينايلى، دوستلار،
لەۋلىرى قىزىل گۈلدۇر،
كۈلەيلى، دوستلار.

# قەشقەر سەنىمى

(1)



## تواۇق تېكىستى


ياخشىنى يار دەمدۇ كىشى،
يامانىنى يار دەمدۇ كىشى.
ياخشى يار ياندا تۇرۇپ،
يامانىنى خالامدۇ كىشى.

مەن يىراقتىن يارنى كوردۇم،
يار مېنى كوردىمىكىن.
يۈرىگىمگە ئوت تۇتاشتى،
يار ئۇنى بىلدىمىكىن.



# قەشقەر سەنىمى

(2)






AltunOq


## تولوق تېكىستى

چىللاڭ توخام، چىللاڭ توخام
يارىم ئويغانسۇن.
مۇقامنى توۋلاپ، سازنى چالاي
چوچۇپ ئويغانسۇن.

بىر قۇتىدا ئۇنچە-مارجان
ئوزەڭدە تۇرسۇن.
ئىككى قاراپ بىر سۇيگىنىم
كوڭلۇڭدە تۇرسۇن.

# قەشقەر سەنەمى

(3)





## تولۇق تېكستى

تال ئۇچى تالغا تېگەمدۇ،
تال ئۇچى تالدىن يىراق.
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
ئۆيىڭىز ئاندىن يىراق.

ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

# قەشقەر سەنمى

(4)




## تولۇق تېكىستى


ئاق ئالمىنى ساقلىدىم،
يارىيار، ئۈرگىلىمەن.
قىزىل ئالمىنى ساقلىدىم،
يارىيار، ئۈرگىلىمەن.

مېنىڭ ئالمامغا تەگمەڭلار،
يارىيار، ئورگىلىمەن.
مەن يارىمغا ساقلىدىم،
يارىيار، ئورگىلىمەن.



# قەشقەر سەنىمى

(5)




## تولۇق تېكستى

ئېچىلىپ قاپتۇ،
باغنىڭ گۈللىرى.
ئۇينايدىكەن ئورگىلىمەن،
قەشقەر باللىرى.

مىللى نەغمە سازىمىز،
كوڭۇل ئاچار بېغىمىز.
كەتتى بىزدىن قاراتون،
ئەمدى ئۇينار چېغىمىز.

Altunoq

**ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى (1)**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1982 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1982 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M8098·553
باھاسى: 0.27 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا

书号： M8098·553
定价： 0.27元